# بارلىق ئەر - ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن

# رامزانلىق سوۋغات

[ئۇيغۇرچە]

## هدية الرمضانية لعامة المسلمين

[باللغة الأويغورية]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ئەللاپ ئەلغامىدى

عبد الله بن أحمد العلاف الغامدي

تەرجىمە قىلغۇچى: ئۇبۇلقاسىم ئەھمەدى

**المترجم: أبوالقاسم أحمدي**

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008

islamhouse.com

# بارلىق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن

# رامزانلىق سوۋغات

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇ-سانالار ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئاللاھ تائالانىڭ تاللىغان بەندىلىرىگە دۇئا ـ سالاملار يوللايمىز.

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ھەدىس شەرىف ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆتكەن ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن ئالدىم، بۇنىڭغا رامزانلىق سوۋغات دەپ ئات قويدۇم، بۇ بارلىق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سوۋغاتتۇر، ئاللاھ تائالادىن بۇنىڭ قوبۇل بولىشىنى، قىيامەت كۈنى ئۇنى مېنىڭ ياخشى ئەمەللەر مىزانىمدا قىلىشىنى، جەننەتتىن نەئىمگە ئېرىشىشىمنىڭ سەۋەبلىرىدىن قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن.

روزا ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەر:

«ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر، سىلەردىن كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (روزا تۇتمىغان بولسا)، تۇتمىغان كۈنلەرنى (يەنى قازاسىنى) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن، روزىنى (قېرىلىق ياكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن مۇشەققەت بىلەن) ئاران تۇتىدىغان كىشىلەر تۇتمىسا، (كۈنلۈكى ئۈچۈن) بىر مىسكىن

تويغۇدەك تاماق قىدىيە بېرىشى لازىم. كىمكى قىدىيىنى (بەلگىلەنگەن مىقداردىن) ئارتۇق بەرسە، بۇ ئۆزى ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر بىلسەڭلار روزا تۇتۇش سىلەر ئۈچۈن (ئېغىز ئوچۇق يۈرۈشتىن ۋە قىدىيە بېرىشتىن) ياخشىدۇر. رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئوچۇق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ. مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن). روزا كېچىلىرىدە ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىش سىلەرگە ھالال قىلىندى، ئۇلار سىلەر ئۈچۈن كىيىمدۇر (يەنى ئۇلار سىلەرگە ئارىلىشىپ ياشايدۇ ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىدۇ)، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر (يەنى سىلەرمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ ياشايسىلەر ۋە كىيىم بەدەنگە يېپىشقاندەك يېپىشىسىلەر). ئاللاھ

ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆزۈڭلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى (يەنى روزا كېچىسىدە يېقىنچىلىق قىلغىنىڭلارنى) بىلدى.ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەرنى ئەپۇ قىلدى. ئەمدى ئۇلارغا (يەنى ئاياللىرىڭلارغا) يېقىنچىلىق قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە تەقدىر قىلغان نەرسىنى (يەنى پەرزەنتنى) تەلەپ قىلىڭلار، تاكى تاڭنىڭ ئاق يىپى قارا يىپىدىن ئايرىلغانغا (يەنى تاڭ يورۇغانغا) قەدەر يەڭلار، ئىچىڭلار، ئاندىن كەچ كىرگىچە روزا تۇتۇڭلار، سىلەر مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىڭلاردا (كۈندۈز بولسۇن، كېچە بولسۇن)، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار، ئەنە شۇلار ئاللاھ بەلگىلىگەن چېگرىلاردۇر (يەنى مەنئى قىلغان ئىشلاردۇر)، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماڭلار. كىشىلەرنىڭ (هارام قىلىنغان ئىشلاردىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى ئۇلارغا مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ. بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناهەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن هاكىملارغا، پارا بەرمەڭلار». (بەقەرە سۈرىسى 183-، 184-، 185-، 186-، 187-، 188- ئايەتلەر).

رامىزان

رامىزان قەمەرىيە ئايلىرىدىن توققۇزىنچى ئاينىڭ ئىسمى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدە بۇ ئاينىڭ ئىسمى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان.

روزا تۇتۇشنىڭ يولغا قويۇلىشىدىكى بەزى هېكمەتلىرى

ئاخىرەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈن نەپسىنى پاكلاش ۋە ئاللاھقا تەقۋا قىلىش، روزا تۇتۇشنىڭ يولغا قويۇلىشىدىكى هېكمەتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

روزىدار كىشىگە ۋاجىپ بولغان ئىشلار

1 ـ شەرئەتتە كۆرستىلگەن بارلىق ئىبادەتلەرنى تولۇق ئىجرا قىلىش.

2ـ شەرئەتتە ھارام قىلىنغان بارلىق سۆز ـ ھەركەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك قول يىغىش.

روزىدار كىشىگە مۇستەھەپ بولغان ئىشلار

سوھۇرلۇق يېيىشنى كېچىكتۇرۇش، ئىپتار قىلىشقا ئالدىراش، قۇرئان كەرىم، زىكرى ـ تەسبىھ، دۇئا ـ ئىستىغپارلارنى كۆپ ئوقۇش، ئېھسان، سەدىقىنى كۆپ قىلىش مۇستەھەپ بولغان ئىشلاردۇر.

رامىزان ئېيىنىڭ پەزىلەتلىرى

1ـ قۇرئان كەرىم رامزاندا نازىل بولغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى».

2ـ رامىزان ئېيىدا گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: "(رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنىڭ پەرزلىكىگە) ئىشىنىپ، ئەجرى ئومۇت قىلىپ رامزان ئېيىدا روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىلگىركى گۇناھىدىن مەغپىرەت قىلىنىدۇ". (بۇخارى رىۋايىتى).

3ـ رامىزان ئېيىدا دۇئا ئىجابەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسى قايتۇرۇلمايدۇ: روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدىكى دۇئاسى، ئادىل پادىشاھنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى".

4ـ قەدرى كېچىسى رامىزان ئېيىدا بولىدۇ.

5ـ رامىزان ئېيىدا شەيتانلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىنىدۇ.

6ـ رامىزان ئېيىدا قىلىنغان ئۆمرە ساۋاپتا ھەجگە باراۋەر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "رامىزاندىكى ئۆمرە ھەجگە باراۋەر بولىدۇ".

روزا:

روزا تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ روزا تۇتۇشنى نىيەت قىلىپ كۈن ئولتۇرغىچىلىك يېيىش ـ ئىچىشتىن، جىنسى مۇناسىۋەتتىن ۋە بارلىق روزىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللاردىن ئۆزىنى ساقلىماقلىقتۇر. روزا ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنىڭ بىرىدۇر.

بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ھوشى جايىدا، روزا تۇتۇشقا قادىر بولالايدىغان، سەپەرگە چىقمىغان ھەر قانداق مۇسۇلمانغا رامىزان ئېيىنى كۆرۈش ياكى شەئبان ئېيىنى تولۇق ئوتتۇز كۈن تاماملاش بىلەن روزا تۇتۇش پەرز بولىدۇ.

روزىدار كىشىگە رۇخسەت قىلىنغان ئىشلار:

مىسۋاك قىلىش، سەپەرگە چىقىش، ھاۋا قىزىپ كەتكەندە سۇ بىلەن ئۆزىنى سوۋۇتۇش، ئوكۇل سالدۇرۇپ داۋالىنىش (غىزالاندۇرىدىغان ئوكۇل بولمىسىلا)، كۆزىگە سۈرمە تارتىش قاتارلىق ئىشلار روزىدار ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئىشلاردۇر.

روزىنى بۇزىدىغان ئامىللار:

جىنسى مۇناسىۋەت، يېيىش، ئىچىش، قان ئالدۇرۇش، زورلاپ ياندۇرۇش، ھەيز ۋە نىپاس قاتارلىقلار روزىنى بۇزىۋېتىدۇ.

بالدۇر ئىپتار قىلىشنىڭ ياخشىلىقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "خەلق ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسىلا داۋاملىق ياخشىلىق ئىچىدە بولىدۇ" (بۇخارى، مۇسلىم).

نېمە بىلەن ئىپتار قىلىش كېرەك؟

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام  شام نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ھۆل مېۋىلەر بىلەن، ھۆل مېۋىلەر تېپىلمىسا خورمىلار بىلەن، خورمىلارمۇ تېپىلمىغاندا سو بىلەن ئىپتار قىلاتتى" (تىرمىزى)

ئىپتار دۇئاسى:

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار قىلغاندا: "ئاللاھ خالىسا ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار نەمدەلدى، ساۋاپ بېرىلدى" دەيتتى.( ئەبۇ داۋۇد).

ئىپتار ۋاقتىتىكى دۇئا ئىجابەت بولىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ دۇئاسى قايتۇرۇلمايدۇ: روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار قىلغان ۋاقتىدىكى دۇئاسى، ئادىل ئىمامنىڭ دۇئاسى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ دۇئاسى".

ئىپتارلىق بەرگەن كىشىنىڭ ساۋابى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرغۇچىغا روزا تۇتقۇچىغا ئوخشاش ساۋاپ بېرىلىدۇ، لېكىن روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھەرگىز كېمەيتىلمەيدۇ" (تىرمىزى)

تەراۋىھ نامىزى:

تەراۋىھ رامىزاننىڭ كېچىلىرىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن بىدار ئۆتكۈزۈشتۇر. ھەر ئىككى رەكئەت ناماز ئوتتۇرىسىدا جامائەت بىر ئاز ئارام ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ناماز تاراۋىھ (يەنى ئارام ئېلىش، راھەتلىنىش) نامىزى دەپ ئاتالغان. تاراۋىھ نامىزى سۈننەتتۇر. تاراۋىھ نامىزىنىڭ قانچە رەكئەت ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆلىمالارنىڭ ھەر خىل كۆز قاراشلىرى بار. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئۇيغۇن سۆز شۇكى، تاراۋىھ نامىزى ۋىتىر نامىزىنى قوشماي سەككىز رەكئەت، ۋىتىر نامىزىنى قوشقاندا ئون بىر رەكئەتتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ۋە ياكى باشقا ئايلاردا بولسۇن ئون بىر رەكئەتتىن زىيادە قىلمايتتى" (بۇخارى).

رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش:

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونى كەلسە كېچىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئەھلى ئاياللىرىنى ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ قوياتتى، ئىشتان بېغىنى چىگىۋېتەتتى"( يەنى ئىبادەتكە ئېتىبار بېرىپ جىنسى مۇناسىۋەتتىن رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا چەكلىنىدىغانلىقىدىن كىنايىدۇر-مۇھەررىر-.) (بۇخارى، مۇسلىم).

نەپلە روزا تۇتۇش مۇستەھەپ بولغان كۈنلەر

1- شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتۇش. بۇ ئالتە كۈندە روزا تۇتۇش ساۋاپ جەھەتتە يىل بويى روزا تۇتقان بىلەن باراۋەردۇر.

2- دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇش. چۈنكى بۇ ئىككى كۈندە ئەمەللەر ئاللاھ تائالاغا توغرىلىنىدۇ.

3- ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش ساۋاپ جەھەتتە يىل بويى روزا تۇتقان بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى، بىر ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەردۇر. بۇ ئۈچ كۈن ھەر ئاينىڭ (يەنى ئاسماندىكى ئاينىڭ) ئون ئۈچ، ئون تۆت ۋە ئون بەشىنچى كۈنلىرىگە توغرا كېلىشى ئەلادۇر.

4- ھەر يىلى زۇل ھەججە ئېيىنىڭ ئەۋۋەلقى توققۇز كۈنىدە بولۇپمۇ ھەجگە بارمىغانلار ئۈچۈن زۇل ھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتۇش ئەۋزەلدۇر.

5- مۇھەررەم ئېيىنىڭ توققۇزىنچى، ئونىنچى كۈنلىرى روزا تۇتۇش.

روزا تۇتۇش چەكلەنگەن كۈنلەر

1- شەك كۈنى روزا تۇتۇش. شەئبان ئېيىنىڭ ئوتتۇزىنچى كۈنى شەك كۈنى ھېسابلىنىدۇ.

2- روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇش.

3- تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتۇش. زۇل ھەججە ئېيىنىڭ 11،10-، 12-، 13- كۈنلىرى تەشرىق كۈنلىرىدۇر.

4- روزا تۇتۇشقا جۈمە كۈنىنى خاسلاشتۇرۇۋېلىش.

5- ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئىزنىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى.

ئېتىكاپ

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش سۈننەتتۇر. رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش ئەۋزەلدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچىلىك رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان ئىدى".

سەدىقە پىترە

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "روزا تۇتقۇچىنىڭ بىھۇدە سۆزلىرىگە كەپپارەت، مىسكىنلەرگە ياردەم بولسۇن ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سەدىقە پىترىنى پەرز قىلدى، كىمكى ئۇنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئادا قىلسا ئۇ قوبۇل قىلىنغان سەدىقە پىترىدۇر. ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئادا قىلسا ئۇ سەدىقىلەردىن بىر سەدىقىدۇر" (ئەبۇ داۋۇد).

سەدىقە پىترىنى ھەر كىشى ئۆز نامىدىن، ياكى ئائىلە باشلىقى تەرىپىدىن، ئەر - ئايال بارلىق ئائىلە ئەزالىرى نامىدىن تولۇق ئادا قىلىنىدۇ.

تەلىماتلار

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشىم:

1 - ئىلگىركى بەزى گۇناھلىرىڭىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنىپ، ئەجرى ئۈمىت قىلىپ رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تولۇق تۇتۇڭ.

2- ئۆزرىسىز رامىزاننىڭ روزىسىنى بوزۇۋېتىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى روزىنى بۇزۇش چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

3- ئىلگىرىكى بەزى گوناھلىرىڭىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا چىن ئىشىنىپ، ئەجرى ئۈمىت قىلىپ رامىزان كېچىلىرىنى (بولۇپمۇ قەدىر كېچىسىنى) تاراۋىھ، تەھەججۇد نامازلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈڭ.

4- ئەمەللىرىڭىزنىڭ مەقبۇل، دۇئايىڭىزنىڭ ئىجابەت بولىشى ئۈچۈن يېمەك - ئىچمىكىڭىز ۋە كىيىم - كېچەكلىرىڭىز ھالالدىن بولسۇن.

5- روزى تۇتقۇچىغا ئوخشاش ساۋاپقا ئېرىشىشىڭىز ئۈچۈن بەزى روزىدارلارغا ئىپتارلىق بىرىڭ.

6- ساۋاپقا ئېرىشىشىڭىز ۋە ئاللاھ تائالانىڭ سىزنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشى ئۈچۈن داۋاملىق بەش ۋاقىت نامازنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئادا قىلىڭ.

7- سەدىقە - ئېھسانىنى كۆپ قىلىڭ. چۈنكى رامىزاندىكى سەدىقىنىڭ ساۋابى كاتتىدۇر.

8- بىھۇدە ئىشلارغا مەشغۇل بولۇپ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى زايا قىلماڭ. چۈنكى سىز ۋاقتىڭىزدىن بىر - بىرلەپ ھېساب بېرىسىز.

9- رامىزان ئېيىدا ئۆمرە قىلىۋېلىشقا تىرىشىڭ. چۈنكى رامىزان ئېيىدا قىلغان ئۆمرە ھەج قىلغانغا باراۋەر بولىدۇ.

10 - روزىنى روھلۇق ھالدا تاماملىشىڭىز ئۈچۈن تاڭ سۈرۈلۈشكە يېقىنراق سوھۇرلۇق يەڭ.

11ـ ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشىڭىز ئۈچۈن كۈن ئولتۇرۇپ شام ناماز بولىشى بىلەنلا ئىپتار قىلىشقا ئالدىراڭ.

12ـ ئىبادەتنى پاك ھالدا ئادا قىلىشىڭىز ئۈچۈن جونۇپ بولغان ۋاقتىڭىزدا تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى يۇيىنىۋېلىڭ.

13ـ قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىمنىڭ سىزگە شاپائەتچى بولىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇپ رامىزان ئېيىنى غەنىمەت بىلىڭ.

14ـ تىلىڭىزنى غەيۋەت ـ شىكايەتتىن، يالغان سۆزلەشتىن، سۇخەنچىلىكتىن، باشقىلارغا ئازار بېرىشتىن ساقلاڭ.

15ـ كۆپ پىكىر قىلىپ ئاز سۆزلەيدىغان، خوش چىراي بولۇپ قاپاق تۈرمەيدىغان، ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولىشىڭىزغا تىرىشىڭ.

16ـ شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ تەقۋالىقىڭىزنى ئاشۇرۇڭ.

17ـ زىكرى ـ تەسبىھ، تەۋبە ـ ئىستىغپارلارنى كۆپ ئوقۇڭ، داۋاملىق ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھلىق تىلەپ، جەننەت ئاتا قىلىشىنى سوراڭ.

18ـ ئۆزىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىز، ئەۋلادلىرىڭىز ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۆپ دۇئا قىلىڭ.

19ـ ئىلگىركى خاتالىقلىرىڭىزغا پۇشايمان ۋە تەۋبە قىلىپ، ئىككىنچى ئۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلماسلىقىڭىز ئۈچۈن قەتئىي ئىرادە باغلاڭ.

20ـ شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن نەپلە روزا تۇتۇش. گەرچە رامىزان ئېيىدا روزا تۇتقاندىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدا ئالتە كۈن روزا تۇتىدىكەن يىل بويى روزا تۇتقاندەك بولىدۇ.

21ـ ئۆتكەن ۋە كېلىدىغان يىلدىكى گۇناھلىرىڭىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا سازاۋەر بولۇشىڭىز ئۈچۈن زۇل ھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى يەنى ئەرەفات كۈنى روزا تۇتۇش (ھەج ئۈستىدە بولمىسىڭىز).

22ـ بىر يىللىق گۇناھلىرىڭىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا سازاۋەر بولۇشىڭىز ئۈچۈن ئاشۇرا كۈنى يەنى مۇھەررەم ئېيىنىڭ توققۇزىنچى، ئونىنچى كۈنلىرى روزا تۇتۇش.

23ـ ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرغىچىلىك ئىمان، تەقۋا ۋە ياخشى ئەمەللەرگە داۋام قىلىش. «ساڭا ئۆلۈم يېتىپ كەلگەنگە قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن». (قۇرئان كەرىم).

24ـ ھەقىقى تەۋبە قىلىش، شەرىئەتكە مۇخالىپ ئادەتلەرنى تاشلاش ئارقىلىق ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئەسەرلىرى سىزدە روشەن بولسۇن.

25ـ ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ساھابە كىراملىرىغا ۋە قىيامەتكە قەدەر ئۇنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرگە كۆپ دۇئا ـ سالاملار ئوقۇش.

ئى ئاللاھ! بىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى رامىزان ئېيىنىڭ كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغانلاردىن قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزنى رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، تولۇق ئەجىرگە ئىرىشكەن، قەدرى كېچىسىنى تاپقان ۋە پەرۋەردىگارنىڭ مۇكاپىتىگە ئېرىشكەنلەردىن قىلغىن.

ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن سەن كەچۈرۈم قىلغۇچىسەن، كەچۈرۈم قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، بىزنى كەچۈرگىن.

ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابە كىراملىرىغا رەھمەت قىلغىن. (ئامىن).